بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى

5- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴾.

ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر» (سۈرە ئەنفال 2- ئايەت).

ئايەتنىڭ تەپسىرى

«ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رضي الله عنه نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «مۇناپىقلار پەرز ئىبادەتلەرنى قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە الله نى ئەسلەشتىن ھېچنەرسە كىرمەيدۇ ۋە ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرمەيدۇ، الله قا تەۋەككۇل قىلمايدۇ، خالىي قالسا ناماز ئوقۇمايدۇ، ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا الله تبارك وتعالى ئۇلارنىڭ مۇئمىن ئەمەسلىكىدىن خەۋەر بەردى».

ئاندىن الله تعالى مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ: «پەقەت الله ياد ئېتىلسە قەلبلىرى قورقۇپ تىترەپ كېتىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر» دېدى. يەنە الله نىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىدىغان، «الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان»، تەستىقلايدىغان، «رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان»، رەببىدىن باشقىسىغا ئۈمىد باغلىمايدىغان كىشىلەردۇر.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەلبلىرى تىترەپ كېتىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى — قەلبلىرى قورقۇپ كېتىدۇ ۋە چۆچۈپ كېتىدۇ، ئەنسىرەيدۇ دېگەنلىك بولۇپ، مانا بۇ — ھەقىقىي مۇئمىننىڭ سۈپىتىدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن دېگەن الله تىلغا ئېلىنسا الله تىن قورقۇپ، الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ ۋە الله نىڭ چەكلىملىرىدىن يانىدۇ.

بۇ ئايەتنى الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى تەپسىرلەپ بېرىدۇ: «مۇئمىنلەر بىرەر يامان ئىش قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، الله نى ئەسلەپ گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھلارنى الله تىن باشقا كىممۇ مەغپىرەت قىلسۇن!؟ ئۇلار قىلغان ئىشىنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 135- ئايەت).

الله تعالى نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىمۇ شۇ جۈملىدىن: «ئەمما رەببىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (سوراق بېرىشتىن) قورققان، نەپسى - خاھىشىغا ئەگەشمىگەن كىشىگە كەلسەك ھەقىقەتەن جەننەت ئۇنىڭ ئورنىدۇر» (سۈرە نازىئات 40-، 41- ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن سۇفيان سەۋرى ئېيتىدۇ: مەن سۇددىيدىن الله تعالى نىڭ: «پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان كىشىلەر (كامىل) مۇئمىنلەردۇر» دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بىرەر كىشى زۇلۇم قىلىشنى ياكى بىرەر مەئسىيەتنى مەقسەت قىلسا، ئۇنىڭغا: <الله تىن قورق!> دېيىلسە، ئۇنىڭ قەلبى الله تىن قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ».

الله تبارك وتعالى نىڭ: «ئۇلارغا الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىپ كېتىدۇ» دېگەن بۇ ئايىتىنى الله تعالى نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى تەپسىرلەپ بېرىدۇ: «ئەمما مۇئمىن بولغان كىشىلەرگە كەلسەك، بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلار ئايەتنىڭ نازىل بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ» (سۈرە تەۋبە 124- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىمام بۇخارى ۋە باشقا ئىماملار بۇ ئايەت ئارقىلىق ئىماننىڭ قەلبدە كەم - زىيادە ۋە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى دەلىللىدى. بۇ ھەم كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

الله نىڭ «رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر» دېگەن ئايىتى «ئۇلار الله تىن باشقىسىدىن ئۈمىد كۈتمەيدۇ ۋە ھەر بىر ئىشىدا الله رازىلىقىنىلا مەقسەت قىلىدۇ، الله قىلا يېلىنىدۇ، ھاجەتلىرىنى پەقەت الله تىنلا سورايدۇ. الله خالىغان نەرسە بولىدۇ، الله خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ» دېگەننى ۋە «الله كائىنات ئىشلىرىنى شېرىكسىز يالغۇز تەدبىر قىلىدۇ. الله نىڭ ھۆكمىگە ھېچنەرسە قارشى چىقالمايدۇ» دېگەن ئۇقۇمنى جەزم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەئىد ئىبنى جۇبەير: «الله قا تەۋەككۇل قىلىش ئىماننىڭ خۇلاسىسىدۇر» دېگەن.

دىنىي ئەھكاملار

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سوئال: «سەلەفىي» دېگەن سۆز كىملەرگە ئىشلىتىلىدۇ؟

جاۋاب: سەلەف سالىھلارغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ يولى ئۈستىدە ماڭغان كېيىنكى ئەسىرلەردىكى ھەر قانداق كىشىگە «سەلەفىي» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. «سەلەفىي» دېگەن بۇ سۆز سەلەف سالىھقا مەنسۇپلۇقنى ئىپادىلەيدۇ ۋە سەلەف سالىھنىڭ يولىغا قارشى يول تۇتقانلارنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾ «كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» (سۈرە نىسا 115- ئايەت).

ئۆزىگە ۋە پەرۋەردىگارىغا سادىق، سەمىمىي بولغان ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ سەلەف سالىھقا مەنسۇپلۇقى ۋە سەلەف سالىھنىڭ يولىغا ئەمەل قىلىشى بىلەن ئىپتىخارلىنىشى لازىمدۇر.

سوئال: «سەلەفىيە» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «سەلەفىيە» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچىسى، سەلەفىزم، يەنى «سەلەفچىلىك، سەلەف ئېقىمى، سەلەف ئەقىدىسى، سەلەف يولى» دېگەن مەنىلەردە. بۇ — سەلەف سالىھلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ دىن ھەق دىنىنى تەلىم ئېلىش، ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەقسىتىگە ئاساسەن چۈشىنىش ھەمدە شۇ ئىسلامىي تەلىمات ۋە چۈشەنچىلەرنى ئېتىقاد، سۆز ۋە ئەمەل بىلەن تەتبىقلاشتىكى يولى ۋە ئۆلچىمىگە قارىتىلغان.

ئىككىنچىسى، سەلەف ئېقىمىدىكىلەر. بۇ — دىندا يېڭىلىق پەيدا قىلمايدىغان؛ قىيامەتكە قەدەر ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە ۋە پىتنىلەرگە ئالدانمايدىغان؛ ئۆزلىرىنىڭ ھالىنىڭ سەلەف سالىھنىڭ ھالى كەبى بولۇشىغا ھېرىس بولغان ھالەتتە، الله تعالى نىڭ كىتابىنى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىنى ھەمدە سەلەف سالىھلار لازىم تۇتقان نەرسىلەرنى تولۇق ۋە راستچىل ھالدا قەلبى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن لازىم تۇتىدىغان كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىگە قارىتىلىدۇ.

سوئال: «سۈننەت» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «سۈننەت» دېگەن سۆز لۇغەتتە «سَنَّ (يول قىلدى، ئاشكارا قىلدى)، يَسِنُّ / يَسُنُّ (يول قىلىدۇ، ئاشكارا قىلىدۇ)، سَنًّا (يول قىلماق، ئاشكارا قىلماق)، فَهُوَ مَسْنُوْنٌ (يول قىلىنغۇچى، ئاشكارا قىلىنغۇچى)» دېگەن سۆزلەردىن شاخلىنىپ چىققاندۇر.

و سَنَّ الْأَمْرَ — ئۇ بۇ ئىشنى ئاشكارا قىلدى ياكى يول قىلدى.

«سۈننەت» دېگەن ماختالغان ياكى سۆكۈلگەن يول ۋە ئىش - ئىزلاردۇر. بۇ سۆزىمىزگە دەلىل شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئەلۋەتتە چوقۇم ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ (دىن ۋە دۇنيالىقتىكى) سۈننەتلىرىگە (يوللىرىغا) غېرىچمۇغېرىچ ۋە گەزمۇگەز ئەگىشىسىلەر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم تويلىغان).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنِ ابْنِ حَوَالَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: «سَيَصِيرُ الأَمْرُ إِلَى أَنْ تَكُونُوا جُنُودًا مُجَنَّدَةً جُنْدٌ بِالشَّامِ وَجُنْدٌ بِالْيَمَنِ وَجنْدٌ بِالْعِرَاقِ». قَالَ ابْنُ حَوَالَةَ خِرْ لِي يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنْ أَدْرَكْتُ ذَلِكَ. فَقَالَ « عَلَيْكَ بِالشَّامِ فَإِنَّهَا خِيرَةُ اللَّهِ مِنْ أَرْضِهِ يَجْتَبِى إِلَيْهَا خِيرَتَهُ مِنْ عِبَادِهِ فَأَمَّا إِنْ أَبَيْتُمْ فَعَلَيْكُمْ بِيَمَنِكُمْ وَاسْقُوا مِنْ غُدُرِكُمْ فَإِنَّ اللَّهَ تَوَكَّلَ لِى بِالشَّامِ وَأَهْلِهِ».

ئابدۇللا ئىبنى ھاۋالە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يېقىندا سىلەر كۆپلىگەن قوشۇن بولۇپ شەكىللىنىسىلەر. بىر قوشۇن شامدا، بىر قوشۇن ئىراقتا ۋە بىر قوشۇن يەمەندە بولىدۇ». ئابدۇللاھ ئىبنى ھاۋالە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا تاللاپ بەرسىلە!> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <شامدىكى قوشۇن بىلەن بىرگە بولغىن چۈنكى شام الله ئۆز زېمىنلىرى ئىچىدىن تاللىغان ئەڭ ياخشى زېمىن بولۇپ، الله ئۇ جايغا ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن ئەڭ ياخشى بەندىلەرنى يىغىپ ئەكېلىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭلار يەمەندىكى قوشۇن بىلەن بىرگە بولۇپ كۆللىرىڭلاردىن سۇ ئىچىڭلار. الله ئەززە ۋە جەللە مەن ئۈچۈن شام ۋە شام ئەھلىگە كېپىل بولدى> دېدى» (ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ).

ھەدىسنىڭ شەرھىيسى

موللا ئەلى قارى «مارقاد»دا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ: <الله مېنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن شامنى مۇداپىئە قىلىشقا ۋە الله نىڭ بۇيرۇقىنى لازىم تۇتقۇچى بەندىلەرنى ھىمايە قىلىشقا كېپىل بولدى> دېگەن» (جامئى سەغىرنىڭ شەرھىيسى).

يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

بەدر غازىتى

الله تعالى بۇ غازات ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله سىلەرگە بەدردە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ئۇ ۋاقىتتا سىلەر ئاجىز ئىدىڭلار. الله سىلەرگە ئاتا قىلغان نېئمەتكە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار» (سۈرە ئال ئىمران 123- ئايەت).

بۇ غازات — ئىسلام تارىخىدىكى ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوچۇق ئايرىغان تۇنجى غازاتتۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىدىن چىققان ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رضي الله عنه نى خالايىقلارغا ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن قويغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ رەۋھا دېگەن جايغا بارغاندا، ئەبۇ لۇبابە ئىبنى مۇنزىر رضي الله عنه نى كەينىگە قايتۇرۇپ مەدىنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىگەندى.

بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى رامىزاننىڭ 17- كۈنى (بۇ مىلادىيە 624- يىلىغا توغرا كېلىدۇ) جۈمە كۈنىدە يۈز بەرگەن. بۇ غازات مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى بەدر دېگەن ئورۇندا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن «بەدر غازىتى» دەپ ئاتالغان.

بۇ غازاتنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى: ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى قۇرەيشنىڭ زور ئىقتىسادىنى كۆتۈرگەن كارۋاننىڭ شامدىن يانغانلىقى، بۇ كارۋاننى 30-40 ئەتراپىدىكى ئادەمنىڭ قوغدايدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر مۇسۇلمانلارغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەسبەسە ئىبنى ئەمىر رضي الله عنه نى كارۋاننىڭ خەۋىرىنى تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدى. بەسبەسە رضي الله عنه كارۋاننىڭ شامدىن يانغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسھابلىرىنى چىقىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «مانا بۇ قۇرەيشنىڭ كارۋىنى، ئۇنىڭدا قۇرەيشنىڭ ماللىرى بار. ئۇ كارۋاننى توسۇشقا ئاتلىنىڭلار، الله تبارك وتعالى ئۇنى سىلەرگە ئولجا قىلىپ بېرىشى مۇمكىن» (ئىبنى ئابباس نەقىل قىلغان).

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى مۇبارەك رامىزاننىڭ 12- كۈنى مەدىنىدىن چىققان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ چىقمىغان بەلكى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر زۇلۇم سالغان ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان قۇرەيش كاپىرلىرىغا ئىقتىسادىي زەربە بېرىپ كارۋاننى توسۇش ئۈچۈن چىققان ئىدى. مانا بۇ كارۋان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

پۇرسەت ئىدى. مەككە كاپىرلىرى ئۇچۇن بۇ مېلىنى قولدىن بېرىپ قويۇش سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قاقشاتقۇچ زەربە ھېسابلىناتتى. كارۋان مەككىلىكلەرنىڭ 100 تۆگىگە يۈكلەنگەن زور ئىقتىسادىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ دەسلەپتە ئۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ساھابىلەر بۇ مۇبارەك غازاتتىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. يەنە كېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدردە قۇرەيشنىڭ بۇ زور قوشۇنى بىلەن قاتتىق تۇتۇشۇپ قېلىشنى ئويلىمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ چىقىشقا كەسكىن بۇيرۇق قىلمىغان بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمانغا چىقىش - چىقماسلىق ئىختىيارىنى بەرگەن.

بەدرگە مېڭىش جەريانىدا يۈز بەرگەن قىسمەن ھادىسىلەر

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ سۇفياننىڭ كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن ئاتلىنىپ مەدىنە سىرتىدىكى بۇيۇتوس سوقيا دېگەن جايغا يەتكەن ۋاقتىدا قوشۇننى سەپكە تىزىپ كۆزدىن كەچۈرگەن. ئاندىن مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۇرۇش مۇشەققىتىنى كۆتۈرەلمەيدىغان كىشىلەرنى قايتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، بەرا ئىبنى ئازىب رضي الله عنهما بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن.

سەپەر جەريانىدا مۇشرىكلاردىن بىرىسى ئۆز قەۋمى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقىپ كەلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپ: «قايتقىن! مەن مۇشرىكتىن ياردەم تەلەپ قىلمايمەن» دېدى. ئۇ ئادەم قاتنىشىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ رەت قىلدى. ئاخىرى ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭگە قاتناشتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەر جەريانىدىكى مۇشەققەتلەردە ساھابىلەر بىلەن بىللە بولدى. ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىز بەدر كۈنى ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە ئالمىشىپ مىنەتتۇق. ئەبۇ لۇبابە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ (رضي الله عنهما) ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچى بىر تۆگىگە ئالمىشىپ مىنەتتى».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شېرىكلىرى: <ئى رەسۇلۇللاھ! سىلى مىنسىلە، بىز ماڭايلى> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <سىلەر ئىككىڭلار مەندىن كۈچلۈك ئەمەس، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېھتىياجلىق> دېدى».

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

كەمەر

نىجات ئىنتايىن كەپسىز بىر بالا ئىدى. قوپال سۆز - ھەرىكەتلىرى، تۈگىمەس جېدەللىرى بىلەن بىر تۇغقانلىرىنى رەنجىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ئانىسىنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى ۋە دائىم:

— بالام، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما! سەت گەپ قىلما! — دەپ نەسىھەت قىلاتتى لېكىن ھەر قېتىمدا ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ تۇرۇۋالىدىغان كەپسىز بالا:

— مېنىڭ گۇناھىم يوق. مۇنداق قىلىشقا ئاشۇلار مېنى مەجبۇرلىدى، — دەيتتى. بىر كۈنى ئانىسى:

— ئەگەر بۈگۈن كەچكىچە ھېچكىم بىلەن جېدەللەشمىسەڭ، پۈكەيدىكى ئاۋۇ چىرايلىق كەمەرنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئاكا - ئۇكىلىرى ئۇنىڭ بىلەن قەستەن جېدەللىشىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا نىيەت قىلغان نىجاتنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرەلمىدى. كەچتە ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بىر كەمەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالايدىكەنسەن. بۇنى ئاددىي نەرسىلەر ئۈچۈن ئەمەس، الله بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن قىلىشىڭ كېرەك، ئوغلۇم، — دېدى.

كاشكى، نىجاتقا بىرەيلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسا: «مَنْ تَرَكَ الْمِرَاءَ وَهُوَ مُحِقٌّ بُنِيَ لَهُ فِي وَسَطِ الْجَنَّةِ» «ھەقلىق بولغان تۇرۇقلۇق غەۋغا، جېدەل - ماجرا چىقارمىغان كىشىگە جەننەتتە ساراي بېرىلىدىغانلىقىغا مەن كېپىل» (تىرمىزى توپلىغان).

پەيغەمبەر تىبابىتى
بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

بېلىق (سَمَكٌ)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىزگە ئىككى خىل ئۆلۈك ۋە ئىككى خىل قان ھالال قىلىندى، ئۇلار: بېلىق، چېكەتكە، جىگەر ۋە تال» («ئىبنى ماجە» 3314- ھەدىس).

بېلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەمى لەززەتلىك، پۇرىقى ياخشى، ھەجمى نورمال، تېرىسى يۇمشاق، گۆشى شىلىۋېلىنمىغان؛ شېخىللىق جايدىكى ئېقىپ تۇرغان تاتلىق سۇدا، مەينەت نەرسىلەرنى ئەمەس ئوت - چۆپ يەيدىغان بېلىقتۇر. بېلىقنىڭ ئەڭ ياخشى جايى ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بولۇپ، ئاستى تاشلىق ياكى قۇملۇق بولسا، سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان تاتلىق سۇ بولۇپ ئاستى لاي ياكى مەينەت بولمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۇ دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان، شامال ئۆتتۈشۈپ كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان سۇ بولسا... مانا بۇ بېلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ياشاش ماكانىدۇر. دېڭىز بېلىقى ماختاشقا لايىق ئېسىل بېلىقتۇر. يېڭىسى ھۆل سوغۇق، ھەزىم قىلىش قىيىن، كۆپلەپ بەلغەم پەيدا قىلىدۇ. لېكىن بۇ خىل بېلىق ۋە بۇ بېلىقنىڭ خىلىدىكى بېلىقلار ياخشى خىلت پەيدا قىلىدۇ. ئۇ بەدەننى ياشارتىپ، ئىسسىق مىزاجلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. تۇزلۇق بېلىق ئىچىدە يېڭى تۇزلانغىنى ياخشى، ئۇ قۇرۇق ئىسسىق، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە قۇرغاقلىقى ئېشىپ بارىدۇ. دېڭىز يىلان بېلىقنىڭ شىلىمچانلىقى يۇقىرى، يەھۇدىيلار ئۇنى يېمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى يېڭى چاغدا يېسە قورساقنى يۇمشىتىدۇ. تۇزلاپ كونىرىغاندا يېسە نەپەس يوللىرىنى پاكىزلاپ، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ. ئۇنى سوقۇپ سىرتتىن سۈرۈپ بەرسە بەدەننىڭ چوڭقۇرىدىكى ئارتۇق ماددىلار ۋە مايلارنى ئۆزىنىڭ سۈمۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ.

دېڭىز يىلان بېلىقىنى تۇزلاپ، ئۇنىڭ تۇز سۈيىدە ئولتۇرسا ئۈچەي جاراھىتى بار ئادەمنىڭ (دەسلەپكى مەزگىلىدە بولسا) بەدىنىگە مۇۋاپىق كېلىپ، ئۇنىڭ ناچار ماددىلىرىنى بەدەن سىرتىغا سۈمۈرىدۇ. ئۇكۇل قىلىپ ئۇرۇلسا ئولتۇرغۇچى نېرىپ ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).

بېلىقنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى، قۇيرۇق تەرىپىگە يېقىن يېرىدۇر. بېلىقنىڭ يېڭى، سېمىز يېرى بەدەننى ياشارتىدۇ.

«سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا نەقىل قىلىنىشىچە، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «بىزنى پەيغەمبەر ﷺ 300 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بىر يەرگە ئەۋەتتى. ئەمىرىمىز ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رضي الله عنه ئىدى. بىز قىزىل دېڭىز ساھىلىغا كەلدۇق. قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كېتىپ دەرەخ ياپراقلىرىنىمۇ يەپ كەتتۇق. شۇ ئارىدا دېڭىز ياقىسىغا بىر دانە كىت چىقىپ قالدى (دېڭىز ئۇنى سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن ئىدى). ئۇ ئەنبەر دېيىلىدىغان كىت ئىدى. بىز ئۇنى يېرىم ئاي يېدۇق ۋە مايلىرى بىلەن قوشۇپ قېزى ياسىۋالدۇق، ھەتتا بەدەنلىرىمىز كۈچلەندى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىۋالدى ۋە ئۇ كىتنى نورمال ھالەتكە ئەكىلىشكە بۇيرىدى، ئاندىن بىر ئادەمنى تۆگە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئادەم تۆگە بىلەن كىتنىڭ ئاستىدىن ئۆتتى» (بۇخارى 4361- ھەدىس، مۇسلىم 4975- ھەدىس).

شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ئىبراھىم مەنسۇر

«تۈركىستان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تۈرك» ۋە «ستان» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «تۈرك زېمىنى» دېگەن مەنىدە. شەرقىي تۈركىستان بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئاستىدىكى زېمىندۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى «شىنجاڭ» (يەنى يېڭى مۇستەملىكە) دەپ ئاتايدۇ. شەرقىي تۈركىستان ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمال تەرەپتىن رۇسىيە؛ جەنۇب تەرەپتىن پاكىستان، ئافغانىستان، تىبەت؛ شەرق تەرەپتىن خىتاي دۆلىتى؛ غەرب تەرەپتىن ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان؛ شەرقىي شىمالدىن مۇڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 828 مىڭ 417 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، خىتاي زېمىنىنىڭ 1⁄5 قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ئاھالىسى تەخمىنەن 35 مىليون ئەتراپىدا. شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ.

1616- يىلى قۇرۇلغان مانجۇ خاندانلىقى 1758- يىلىدىن تارتىپ تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن زۇلۇم ۋە ئازابلاشلارنى باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر بولغان. بۇ جەرياندا يۈزمىڭلىغان مۇسۇلمانلار توپ - توپ ھالەتتە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن.

1759- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق چاڭگىلىغا ئېلىش جەريانىدا تەخمىنەن 1 مىليون مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن. ئاندىن زور بىر تۈركۈم مانجۇ - خىتاي كۆچمەنلىرىنى تۈركىستان زېمىنىغا يۆتكەپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى نۇرغۇنلىغان قوزغىلاڭلارنى ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن بىرى 1820- يىلى قوزغىلىپ 8 يىل داۋاملاشقان سەئىد جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى؛ ئىككىنچىسى، 1865- يىلى ياقۇپبەگ باشچىلىقىدا باشلانغان قوزغىلاڭ بولۇپ، ياقۇپبەگ جىھادنى 15 يىل داۋاملاشتۇرغان ۋە مۇسۇلمانلار شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەپسۇس، بۇ مۇستەقىللىق تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇزۇن داۋاملاشمىغان.

1) ياقۇپبەگنىڭ ئوسمانىيە خىلاپىتىگە بەيئەت قىلىشى بىلەن خىلاپەتنى يىقىتىش سۈيىقەستىدىكى كاپىرلارنىڭ بۇنىڭدىن چۆچۈشى؛

2) ياقۇپبەگنىڭ رۇسقا قارشى قوقان خانلىقىغا ياردەم بېرىش توغرىلىق يازغان خېتىنىڭ رۇسنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى؛

3) ياقۇپبەگ قوزغىلىڭىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىقى ئاستىدىكى ھەر قايسى جايلاردىكى باشقا ئىسلام ئەللىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ ئەللەرنىڭ شۇنىڭدىن ئۈرنەك ئېلىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىدىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قورقۇشى.

1876- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، 1878- يىلى تولۇق بېسىۋالغان. بۇ ھۇجۇم نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆز زېمىنىدىن قوشنا زېمىنلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. 1931- يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زور كۆلەمدىكى مۇسۇلمان زېمىنلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، بۇ جايلارغا خىتايلارنى يەرلەشتۈرۈش سىياسىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئىسلام شەرىئىتىنى قانۇن قىلىشنى نىشان قىلغان مۇجاھىدلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە

سابىت داموللامنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا تۈركىستاننىڭ خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى ئىگىلەپ، 1933- يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھاكىمى شېڭشىسەي رۇسلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن ھىيلىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. شېڭشىسەي كوممۇنىست سىياقىغا كىرىۋېلىپ رۇسىيىنىڭ نەچچە مىليون رۇبلىلىق ئەسكىرىي ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۆز ئەسكىرى ۋە مەمۇرىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، سەپلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەربىي، سىياسىي مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلدى. خىتاي ۋە رۇس ھۆكۈمىتى قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا يەتتە ئاي بولغان بۇ ئىسلامىي جۇمھۇرىيەتنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قولى بىلەن يوق قىلىشقا قادىر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللامنى قولغا ئېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كەشمىر يوللىرى بىلەن ئافغانىستانغا قېچىپ چىقتى. سابىت داموللام خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا شەھىد قىلىندى، خوجىنىياز ھاجى ھەم بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ خىتاي - رۇس ئىتتىپاقى بۇ ئىسلامىي جۇمھۇرىيەتنى يىقىتىپ تاشلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن 10 مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە رۇسىيە تۆۋەندىكى ئىمتىيازلارغا ئېرىشتى:

1) شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە مۇقىم ئەسكەر توختىتىش ھوقۇقى.

2) بىر نەچچە شەھەردە كونسۇلخانا ئېچىش.

3) قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېلىش ۋە رۇسلارنى بەزى مەسئۇللۇقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش.

شېڭشىسەي 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىنى — گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بېسىمى ۋە ھەربىي جەھەتتىكى قارشىلىقلىرىدىن قورقۇپ تۇرغان رۇسىيە ئارمىيىسىنى ئۆز قول ئاستىدىكى زېمىنلاردىن قوغلاپ چىقىرىشنىڭ بىر پۇرسىتى دەپ بىلدى ھەمدە رۇسىيە كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ كونسۇللىرىنى تاقىتىۋەتتى. 2- دۇنيا ئۇرۇشى گېرمانىيە ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رۇسلار شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىدىن قىساس ئېلىش مەقسىتىدە شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ياردەم بېرىش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن سىياسىي ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈچلۈك قارشىلىقلىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ قارشىلىق رۇسىيىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېڭىيىپ كۈچلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن 1944- يىلى دىنىي ئالىم ئېلىخان تۆرە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. رۇسلارنىڭ مەقسىتى خىتايلاردىن قىساس ئېلىش بولۇپ، تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئەمەس ئىدى. ئېلىخان تۆرىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش پىكرىگە قارشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھۆكۈمەتنى ئاستا - ئاستا يوقىتىپ تاشلىدى.

1949- يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ ۋەھشىي كوممۇنىستلار 1979- يىلىغىچە ھەرخىل سىياسىي باھانىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئۈچ يېرىم مىليوندىن كۆپرەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرىپ تاشلىدى. بۇنداق قىسىش ۋە زۇلۇملارغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقى زالىم باسقۇنچى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى شىددەتلىك قوزغىلاڭلارنى توختاتمىدى. مەسىلەن، 1955- يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنى خوتەن

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

شەھىرىدە ئابدۇلھەمىد داموللا ۋە فەتھۇددىن مەخسۇم باشچىلىقىدا قوزغالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي مۇستەقىللىقىنى نىشان قىلغان جىھادتا نەچچە مىڭلىغان كىشى شەھىد بولغان ئىدى. 1990- يىلى 4- ئاينىڭ 5- كۈنى قىزىلسۇنىڭ بارىن يېزىسىدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى (بۇ ھازىرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نامى ئىدى) تەرىپىدىن باشلانغان شەرقىي تۈركىستاندا قۇرئان كەرىمنى قانۇن قىلىش مەقسىتى قىلىنغان ئىنىق مەنھەجلىك بۇ جىھادتا جامائەت ئەمىرى زەيدىن يۈسۈف رحمه الله باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈزلىگەن مۇجاھىدلار شەھىد بولدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمان تۈركىستان خەلقى بوشاشماستىن كوممۇنىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈستىدە توختىماي ئىزدەنمەكتە ۋە ھەرىكەت قىلماقتا.

الله نىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ئامانىتى

پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇراھمان ھۇزەيفى

2009- يىلى 7- ئاينىڭ 17- كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدىنىڭ ئىمامى الله نى مەدھىيىلەپ پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت - سالام يوللىغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى ئۈچۈن جەم بولغان 100 مىڭلىغان جامائەتكە «الله نىڭ بەندىلەرگە يۈكلىگەن ئامانىتى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئامانەت ــ الله **تعالى** بەندىلەر ئۈستىگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتتۇر. بارلىق مەخلۇقاتلارنى سىنايدىغان ۋە تەكشۈرىدىغان ئىمتىھانلارنىڭ بىرىدۇر. ئامانەتنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ، سەل قارىغان ۋە زايە قىلىۋەتكەن كىشى دۇنيا - ئاخىرەتتە تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. الله **تعالى** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق؛ ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى. ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن نادانىدۇر [72]. (مەزكۇر ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى الله ئازابلايدۇ، (مەزكۇر ئامانەتكە رىئايە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارنى الله ئەپۇ قىلىدۇ، (الله مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [73]» (ئەھزاب سۈرىسى 72-، 73- ئايەت).

ئىبنى ئاbbas رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «الله **تعالى** پەرز قىلىنغان ئامانەتنى تولۇق ئادا قىلغانلارغا ساۋاب، زايە قىلىۋەتكەنلەرگە ئازاب بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن بىرگە، ئىختىيارى ھالەتتە ئامانەتنى ئاسمانغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدى. ئۇلار الله قا ئاسىيلىق قىلماستىن بەلكى الله نىڭ دىنىنى ئۇلۇغلاپ، ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىشتىن قورقۇپ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانغا تەڭلىگەن ئىدى، ئىنسان بۇنىڭدىكى جاپا - مۇشەققەتنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى».

ئامانەت بولسا الله نىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھوقۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنسانلار ئۈستىدىكى الله نىڭ ئەڭ كاتتا ھوقۇقى الله نى بىر دەپ بىلىشتۇر (يەنى الله قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن خالىس ئىبادەت قىلىشتۇر). يەككە - يېگانە الله قا ئىبادەت قىلغان كىشى شېرىكتىن ساقلىنىپ جەننەتكە كىرىدۇ، الله قا شېرىك كەلتۈرگەن ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. الله **تعالى** مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسا: <ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله تىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ> دېدى» (مائىدە سۈرىسى 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەرزەنتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان ساغلام پرىنسىپ ئۈستىدە يېتىلدۈرۈش؛ ياخشىلىققا باشلاپ، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش الله تەرىپىدىن ئاتا - ئانىلار ئۈستىگە يۈكلەنگەن بۈيۈك ئامانەت ۋە كاتتا پەرزلەرنىڭ بىرىدۇر.

الله **تعالى** مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسانلار ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» (تەھرىم سۈرىسى 6- ئايەت).

ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ھەر بىرىڭلار ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلار دائىرىسىدە سورىلىسىلەر. يول باشچى ئەتراپىتىكى كىشىلەرگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەققىدە سوئال قىلىنىدۇ. ئائىلە باشلىقى ئائىلىسىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆز ئائىلىسى ھەققىدە سوئال قىلىنىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن سوئال قىلىنىدۇ. خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مال - مۈلكىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە سوئال قىلىنىدۇ».

پەرزەنتلەر الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىندۇر. ئۇلار ئاتا - ئانىنىڭ ھاياتىغا مەدەت بولۇپ، الله قا ئىبادەت قىلىدىغان، زېمىننى گۈللەندۈرىدىغان ئىزباسارلارنى قالدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر - بىرىگە مېھىر - شەپقەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان ھەمكارلىق ئاستىدىكى بىر جەمئىيەت شەكىللىنىدۇ. الله **تعالى** مۇنداق دەيدۇ:

«الله سىلەر (سىلەرنىڭ ئۈنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ الله نىڭ نېئمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟» (نەھل سۈرىسى 72- ئايەت).

مۇسۇلمان ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئامانەتكە كۆڭۈل بۆلسە، ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىسە؛ ياخشى ئىشلارنى ياقتۇرۇپ قىلىشقا، يامان ئىشلارنى ئۆچ كۆرۈپ يىراقلىشىشقا ئادەتلەندۈرسە بۇ ئۇلار ئۈچۈنمۇ، ئاتا - ئانىسى ۋە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ بىر چوڭ ئۇتۇقتۇر. «سەھىھ مۇسلىم»دا نەقىل قىلىنغان ھەدىستە: «ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى توختايدۇ، پەقەت ئۈچ تۈرلۈك ئەمىلى داۋاملىشىدۇ: ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە داۋاملىشىپ تۇرىدىغان سەدىقىلەردىن ئىبارەت» دېيىلگەن.

قېرىنداشلار! ئاخىرەتتە ئاتا - ئانىلارنى خۇرسەن قىلىدىغان پەرزەنتلەردىن بولۇڭلار! قۇرئان - ھەدىسنىڭ دەلىللىشىچە، الله **تعالى** مۇئمىنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى قىيامەت كۈنى ئاتا - ئانىلىرى بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇشى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. الله بەندىلەرگە نېئمەت ئاتا قىلغۇچى ۋە ئۆز كەرىمى بىلەن سېخىيلىق قىلغۇچى زاتتۇر. الله نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە!

الله تەرىپىدىن يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماستىن ياكى ھۆددىسىدىن چىقماستىن ئامانەتنى زايە قىلىۋەتكەن كىشى دۇنيا - ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر. الله **تعالى** مۇنداق دەيدۇ:

«ئېيتقىنكى: <قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر، بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر [15]. ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، شۇ (قاتتىق ئازاب) بىلەن الله بەندىلىرىنى قورقۇتىدۇ. ئى بەندىلىرىم! (ئازابىمدىن) قورقۇڭلار [16]» (زۇمەر سۈرىسى 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 16- ئايەتلەر).

پەرزەنتلەر ھاياتىنىڭ باشلىنىشىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ تولۇق كۆڭۈل بۆلۈشى ھەمدە ياخشى تەربىيە قىلىنىشىغا بەك ئېھتىياجلىقتۇر چۈنكى ئۇلار ياخشى - ياماننى ئايرىيالمايدۇ. بالاغەتكە يەتكەن ياشلار پاك بولۇپ، شەيتاننىڭ ئۇلارنى تەدرىجى يامانلىققا يېتەكلەپ يولدىن چىقىرىپ، مەنىۋىيىتىنى ۋەيران قىلىشى ئاسان بولىدۇ. ئۇلارنى كۆزەتمەستىن ۋە كۆڭۈل بۆلمەستىن ئۆز ھالىغا قويۇشنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى خەتەرلىكتۇر. پەرزەنتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە دائىم كۆزىتىپ تۇرۇش بىلەن الله ئۇلارنى ئەخلاقى بۇزۇلۇش ۋە تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. ئۆتكەن دەۋرلەردىكى بۇزۇقچىلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئىنساننىڭ قول ئۈزۈشى ئاسان ئىدى لېكىن ھازىرقى ئەسىردىكى بۇزۇقچىلىق — بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، ياشلارنى ئاخىرقى ھاياتىغىچە ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان، ۋەيران قىلىدىغان بۇزۇقچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن پەقەت الله نىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن سەمىمىي تەۋبە قىلىپ ئىسلامىي ھاياتنى تاپقانلارلا ساقلىنىپ قالالايدۇ.

مۇسۇلمان ياشلىرى دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ھەسەت قىلىنىپ نىشان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇزۇلۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ ئىشىكى كەڭرى ئېچىلغان. پاھىشە - مۇنكەر ئىشلارغا يېتەكلەيدىغان، قەلبىدىن ئىسلامنى يوقىتىدىغان، ئەخلاقنى بۇزىدىغان مېدىيا ۋاستىلىرى؛ ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ياساپ چىققان زەھەرلىك چېكىملىكلەر، الله نىڭ يولىدىن توسىدىغان يامان دوست - بۇرادەرلەر، چەكلەنگەن تور بېكەتلىرى، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مىڭلارچە كىشىلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالاقە قىلىشنىڭ ئاسان بولۇشى، ياشلارنى زېمىندا بۇزۇقچىلىققا يېتەكلەيدىغان سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن ئازغۇن پىكىرلەر، يات ئەللەردىن مۇسۇلمانلار دىيارىغا سىڭىپ كىرىپ ياشلارنى ئازدۇرۇۋاتقان يېرىم يالىڭاچ ئاياللار ۋە ئاققۇن پاھىشىلەر كەڭ تارقالغان، ھايا - نومۇس كۆتۈرۈلگەن بۇ جەمئىيەت توغرىسىدا پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆزۈمدىن كېيىن ئەرلەرگە ئاياللاردىن بەكرەك پىتنە بولىدىغان بىر نەرسە قالدۇرمىدىم» (بۇخارى توپلىغان).

مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى دىندىكىلەرگە ئۆزىگە زىيانلىق بولغان، پايدىسى بولمىغان ئىشلاردا قارىغۇلارچە ئەگىشىشمۇ پىتنىدۇر. ياشلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ يامانلىقتىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلە ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق ئورنىتىش، ھەر بىر شەخس ۋە ئورۇننىڭ ئۆز دائىرىسىدە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنىڭ ئۆزى ئىمانىي مەجبۇرىيەتتۇر.

الله ھەممىمىزنى دىنىي ئاڭ ۋە ئۆزگۈلۈكنى ساقلاپ ئىناق - ئىتتىپاق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن! الله قەلبلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ بىر نىشان بىلەن ھەق يولدا دادىل قەدەم تاشلىغىلى مۇۋەپپەق قىلسۇن!

ئائىلىدىكى رېتسېپلار

ئاپېلسىن پوستىنىڭ شىپالىق رولى

تېرىنى يۇمرانلاشتۇرۇش

ئاۋۋال پاكىز يۇيۇلغان ئاپېلسىن پوستىنى قۇرۇتۇپ ئېزىپ ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرىمىز. قازانغا سۇ قويۇپ ئاپېلسىن پوستى ئۇۋىقىنى سېلىپ 15 مىنۇت قاينىتىمىز. ئاخىرىدا سوۋۇتۇپ يۇيۇنغان ۋاقىتتا مۇۋاپىق مىقداردا بەدەنگە سۈرۈپ چايقىۋەتسىلا بولىدۇ.

تېرىنى يۇمرانلاشتۇرۇشتىن باشقا بەدەندىكى ئاپېلسىن پۇرىقى نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، كەيپىياتنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ (إن شاء الله).

ئۆلۈك تېرىنى تازىلاش

ئاۋۋال ئاپېلسىننى پاكىز يۇيىمىز. ئاندىن پوستى بىلەن گۆشىنى ئۈششاق پارچىلاپ توغراپ داكا رەختكە ئورايمىز. ئاندىن داكىنى قۇرغاقلىشىپ كەتكەن تېرىنىڭ ئۈستىگە 8 مىنۇت ئەتراپىدا قويىمىز. بۇ ئۇسۇل قۇرغاق ۋە ئۆلۈك تېرىنى تازىلاپ چىقىرىدۇ ئەمما ئۇنى ئالدىراپ يۇيۇۋەتمەڭ، تەخمىنەن 5 مىنۇت ئەتراپىدا ئۇۋۇلاپ ئاپېلسىن پۇرىقىنى سىڭدۈرۈپ ئاندىن يۇيۇۋەتسىڭىز بولىدۇ.

كەلدۇق

مۇجاھىد ئەبۇ مۇنزىرە (رَحِمَهُ الله)

بەرىكەتلىك بۇ زېمىنغا ھىجرەت قىلىپ يېتىپ كەلدۇق،
پىتنىلەرگە ئېرەنشىمەي ھەقىقەتنى تېپىپ كەلدۇق.

قۇلاق سېلىپ شۇ ئىسلامنىڭ ئاۋازىغا بولغاچقا ھەق،
جەننەت ئۈچۈن ئۇلۇغ رەبكە ئەزىز جاننى سېتىپ كەلدۇق.

مۇجاھىدنى كۈتۈپ قالغان ئەھلى غېرىب تۈركىستاندىن،
مۇھاجىر ۋە ئەنسارىغا دۇئا سالام ئېلىپ كەلدۇق.

شەيتان - كاپىر توسۇقلىرى توسۇشسىمۇيولدىن بىزنى،
مۇشەققەتلىك زۇلمەتلەرنى ئىمان بىلەن يېڭىپ كەلدۇق.

ئاسان ئەمەس ھىجرەت يولى ئانا قالدى، بالا قالدى،
جىھاد ئىشقى يانغان بولغاچ ھەممىسىدىن كېچىپ كەلدۇق.

مۇشەققەت ۋە سىناقلارغا ئورالغاندۇر جەننەت يولى،
شۇ جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ داۋانلاردىن ئېشىپ كەلدۇق.

پەرز بىلدۇق بۇ جىھادنى، قەرز بىلدۇق قان قىساسنى،
گەدەندىكى بۇ قەرزنى شۇ ئۈممەتكە ئېلىپ كەلدۇق.

ئىگراپ كاپىر ياتسا ھەريان، تەۋھىد تۇغى قىلسا جەۋلان،
ئەجەب لەززەت بۇ مۇئمىنگە، شۇ لەززەتنى سېزىپ كەلدۇق.

سابىت قىلغىن ئۇلۇغ رەببىم ساڭا بىزلەر ئۇچراشقىچە،
شەھىدلىكنى ھەق يولۇڭدا كاتتا شەرەپ بىلىپ كەلدۇق.

ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله **تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

مۇسكۇلغا ئوكۇل ئۇرۇش

بىز يۇقىرىقى مەزمۇندا مۇسكۇلغا ئاناتوكسىن ئوكۇلىنى ئۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە مۇسكۇلغا ئوكۇل ئۇرۇشقا ئائىت تېببىي قائىدىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

① قېپىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، شەكلى قاپ ئىچىدە تۇرۇپ بۇزۇلغان ياكى ئىشلەتمەكچى بولغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقى پاتمايدىغان شپرىسلارنى ئىشلەتمەيمىز. ناۋادا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىغا مۇۋاپىق شپرىس بولمىسا (يەنى شپرىس كىچىك بولسا) سۇيۇقلۇقنى 2-3 قېتىم ئوكۇل قىلىپ تۈگەتسەكمۇ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەقەت شپرىس يىڭنىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىۋەرسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئوكۇل ئايرىم - ئايرىم ھالەتتە قىلىنىدۇ.

قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بىلمىگەن بىر نەچچە خىل سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا چوقۇم ئايرىم شپرىس ئىشلىتىپ ئايرىم - ئايرىم ھالەتتە ئوكۇل قىلىشىمىز كېرەك.

قېپىدىن چىقىرىۋېتىلمىگەن، قېپى يىرتىلمىغان شپرىسنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتى ئۇزۇن بولمىسا، ئەگەر شەكلىدە بۇزۇلۇش كۆرۈلمىگەنلا بولسا باشقا شپرىس بولمىغان ھالەتتە دىققەت بىلەن ئىشلەتسەك بولىدۇ. قېپىدىن ئۆزىمىز چىقىرىپ پاكىز ھالەتتە يېنىمىزدا قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ قالغان يېڭى شپرىسلارنى پاكىزلىقىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلالىساقلا ئىشلەتسەك مەيلى.

ئەگەر يارىدار ئادەم كۆپ، ئىشلەتمەكچى بولغان سۇيۇقلۇق بىر خىل، شپرىس ئاز، يارىدارلاردا يۇقۇملۇق كېسەل يوق بولسا، شپرىسنىڭ يىڭنىسىنى ئالماشتۇرغان ھالەتتە بىر شپرىسنى ئورتاق ئىشلەتسەك بولىدۇ لېكىن شپرىسقا يارىدارلارنىڭ قان ياكى توقۇلما سۇيۇقلۇقى كىرىپ كەتمىگەن بولۇشى كېرەك.

يارىدارلارغا بىرىنچى تېببىي ياردەم تېز كۆرسىتىلىدىغان بولغاچقا ئىمكانىيەت بولسىلا شپرىسلارنىڭ چوڭ يىڭنىلىكلىرىنى ئىشلەتسەك ياخشى.

ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان شپرىسلار

② ئامپۇللارنىڭ بوينى ئۈچ خىل ھالەتتە كېلىدۇ. يا ئايلانما سىزىق سىزىلغان، يا نۇقتا قويۇلغان. يا ئىشارىسىز. ئايلانما سىزىق سىزىلغىنىنىڭ گەۋدىسىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ سىزىقنى مەركەز قىلغان ھالدا ئامپۇل بېشىنى قايرىساق، ئامپۇل بېشى تەكشى سۇنۇپ ئاجرايدۇ. نۇقتا قويۇلغىنىنىڭ نۇقتىسىنى ئۆزىمىزگە قارىتىپ تۇرۇپ، يۇقىرىقى ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئامپۇل بېشىنى ئەكس يۆنىلىشتە قايرىساق ئامپۇل بېشى تەكشى سۇنۇپ ئاجرايدۇ. ئىشارىسىز ئامپۇلنى پىچاقتا، ئۇقىقا ئوخشىغان نەرسىلەرنىڭ قىرى بىلەن بېشىغا تېزلىكتە ئۇرۇپ، چېقىپ تەييارلايمىز.

ئامپۇللارنىڭ بېشىنى قايرىپ سۇندۇرغان

ئۈچ خىل ھالەتتىكى ئامپۇللار

ۋاقتىمىزدا ھەر ئىككى قولىمىزدا پەلەي ياكى رەخت، قاتتىق قەغەزگە ئوخشاش نەرسە بولۇشى كېرەك. ئامپۇللارنى بىۋاستە تۇتۇپ قايرىپ، قولىمىزنى يارىلاندۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

ئامپۇللارنىڭ بېشىنى ئۈرۈپ چاققان ۋاقتىمىزدىمۇ ئامپۇلنى تۇتۇپ تۇرغان قولىمىزنى يۇقىرىقىدەك نەرسىلەر بىلەن ئۇششاقلانغان ئەينەكلەردىن ئايىشىمىز لازىم.

ئامپۇللارنى چېقىپ تەييارلاشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ بىز ئىشلەتمەكچى بولغان دورىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە، مۇسكۇلنىڭ ئىكەنلىكىگە، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىگە، مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكىگە، باشقا ئوكۇللار بىلەن ئارىلاش ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش شەرئىي جىنايەت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن شۇڭا يۇقىرىقى جەھەتلەردە خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ.

سوغۇقتا ئامپۇلنى چېقىپ تەييارلاشتىن بۇرۇن ئىمكان بولسا ئىلمان سۇغا چىلاپ سەل ئىللىتىۋالساق يارىدار بۇرادىرىمىزگە نىسبەتەن ياخشى بولىدۇ.

ئامپۇلنى چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەكتىن خالىيراق يەردە سۇندۇرۇپ چېقىپ تەييارلىشىمىز كېرەك ھەمدە بۇ ۋاقىتتا ئامپۇل ئىچىگە بىر نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز لازىم. تېببىي ياردەم كۆرسەتكۈچى ئۆزىنىڭ ئۈستىۋېشى ۋە ئەتراپىغا ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە دىققەت قىلىشى كېرەك.

③ ئەگەر ئىشلەتمەكچى بولغان ئوكۇلىمىز ئامپۇللۇق (يەنى تەييار سۇيۇق ھالەتتە) بولماي، ئېرىتىپ ئىشلىتىدىغان ئۇنسىمان ھالەتتە بولسا ئۇنى تۆۋەندىكىدەك تەييارلايمىز:

ئاۋۋال ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇقنى ھازىرلىۋالىمىز. كۆپىنچە ھالەتتە ئۇنسىمان ئېرىتكۈچى دورا قاچىلانغان ئەينەك قۇتا بىلەن ياندىاش ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇق بىللە بولىدۇ. ئۇ سۇيۇقلۇق ياكى ئامپۇللۇق شىشىدە ياكى كىچىك پىلاسماسسا قۇتىلاردا كېلىدۇ. ئەگەر بىللە قاچىلانغان سۇيۇقلۇق بولمىسا دېستىللەنگەن سۇلۇق ئامپۇل (water for injection) بىلەن ئېرىتسەك بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە گىلۇكوزا سۇيۇقلۇقى، تۇز سۇيۇقلۇقى ۋە لىدوكائىن[①] قاتارلىق سۇيۇقلۇقلارنى ھەم ئېرىتكۈچى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بەزى ئۆزىنىڭ خاس ئېرىتكۈچىسىدىن باشقا سۇيۇقلۇقتا ئېرىتىشكە بولمايدىغان ئۇنسىمان دورىلارنى قالايمىقان باشقا سۇيۇقلۇقلاردا ئېرىتىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ھەقتىكى ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى كەسپىي دوختۇرلارغا مۇراجىئەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن پائالىيەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

ئىزاھات: ① لىدوكائىن ھىدرو خلورىد (Lidocaini HCI) — ھۈجەيرە پەردىسىنى تورمۇزلىغۇچى دورا. ئۇ يۈرەك قېرىنچە مۇسكۇلىنىڭ تەسىرلىنىشچانلىقىنى تۆۋەنلىتىپ، پوركىنيې تالالىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن رېتىملىشىشىنى تورمۇزلايدۇ. يۈرەك ھەرىكىتى ئېغىر ئاستىلىغانلارغا ۋە زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. جىگىرى نورمال ئىشلىمەيدىغان، يۈرەك ئاجىز ۋە قان بېسىمى كۆرۈنەرلىك تۆۋەن كىشىلەرگە قاتتىق زۆرۈرىيەت بولمىسا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئىشلەتكەندىمۇ مىقدارى ئەڭ ئاز ھالەتتە كونترول قىلىنىدۇ. دىلانتىن ۋە لۇمىنال بۇ دورىنىڭ قاندىكى مىقدارىنى ئازايتىدۇ. بۇ دورا يەنە مەركىزىي نېرۋا تورمۇزلىغۇچى دورىلارنىڭ تەسىرىنى ھەمدە تەسىر قىلىش ۋاقتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇڭقا قەتئىي ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ دورىدىن زەھەرلەنگەندە ئۈيقۇسىراش، باش قېيىش، دۆتلىشىش، يۆنىلىشنى پەرق ئېتەلمەسلىك، سېزىمى نورمالسىزلىشىش، ئاڭلاش ئىقتىدارى ئاجىزلاش، يەرلىك ئورۇن تارتىشىش ياكى چۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇنى «نورمال ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇق خالاس» دەپ ئويلاپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇ 5mL ياكى 20mL ھالەتتە زاۋۇتتىن چىقىدۇ.

■ ۋەتەندىن چىققان خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، 7- ئاينىڭ 22- كۈنى خوتەننىڭ لاسكوي يېزىسىدا بىر سېكرېتارنىڭ ئۆيىدە قاتتىق پارتلاش يۈز بېرىپ ئىككى ماشىنا كۆيۈپ كەتكەن. خىتاي دائىرىلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن بولۇپ، يېزىدىكى ئاھالىلەرنى يىغىپ، 4 كۈن ئىچىدە بۇ ۋەقەنى سادىر قىلغۇچىنى پاش قىلىشنى، ئۇنداق قىلمىغاندا 80 ياشتىن تۆۋەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەلققە تەھدىت سالغان.

■ 7- ئاينىڭ 27- كۈنى كەچتە جامائىتىمىز مۇجاھىدلىرى ئەنسار قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە جەبەل ئەكراد رايونىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان زوۋىقات ئېگىزلىكىنى الله نىڭ ياردىمى بىلەن فەتىھ قىلغان.

■ 7- ئاينىڭ 28- كۈنى جەبھەتۇننۇسرا جامائىتىنىڭ ئەمىرى شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد جەۋلانى بايانات ئېلان قىلىپ، جامائەتنىڭ ئىسمى «جەبھەتۇننۇسرا»نى «جەبھەتۇ فەتھىششام»غا ئۆزگەرتكەنلىكىنى ۋە «ئەلقائىدە جامائىتى»دىن ئايرىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

■ 7- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ جوۋزجان ۋىلايىتىنىڭ خانقا رايونىدىكى 10 يېزىنى فەتىھ قىلغان. نەتىجىدە ئېغىر - يېنىك تىپتىكى قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 7- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇغا جايلاشقان تاغۇتلارنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا ئىككى قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 50 دىن كۆپ تاغۇت ئەسكەرلىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 7- ئاينىڭ 31- كۈنى جامائىتىمىزدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلار ئەنسار قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە سۇرىيىنىڭ ھەلەب شەھرىنى مۇھاسىرىدىن چىقىرىش ۋە ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ كاپىرلار قولىدىكى ئورۇنلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش جەڭلىرىنى باشلىغان. جەڭ باشلىنىپ ھازىرغىچە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان جايلاردىن مەدرىسە ھېكمە، كەتىبەتۇ ساۋارىخ (يەنى باشقۇرۇلىدىغان بومبا كونترول مەركىزى)، شەرىفە يېزىسى، توڭلاتقۇ زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى ۋە 1070 شۆبە رايۇن قاتارلىق ئورۇنلار مۇجاھىدلىرىمىز قولىغا ئۆتكەن. مۇجاھىدلىرىمىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

■ 8- ئاينىڭ 1- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھەلەب ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر جەريانىدا رۇس ئارمىيىسىنىڭ 2 نەپەر ئوفىتسېرىنى ئېلىپ لازىقىيەگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر دانە تىككئۇچار ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن، نەتىجىدە تىككئۇچار ئىچىدىكى 2 نەپەر ئوفىتسېر، 3 دانە لېيۇتچىك، تىككئۇچار ئايروپىلان بىلەن قوشۇلۇپ تەڭلا ھالاك بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ كابۇل ۋىلايىتىدە ئامېرىكا ۋە چەت ئەللىكلەر تۇرۇشلۇق بىر مېھمانخانىغا 4 دانە پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، كەينىدىن مېھمانخانا ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كاپىرلار بىلەن قاتتىق ئېتىشقان. نەتىجىدە 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 8- ئاينىڭ 2- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز لىۋىيەنىڭ بىن غازى شەھرىدىكى مۇرتەد ئارمىيە تۇرۇشلۇق بىر ئەسكىرىي بازىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 28 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن 70ى يارىلانغان.

■ 8- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىرات ۋىلايىتى تاشىت شەرىف رايونىدا تاجاۋۇزچى ئارمىيەنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 7 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ۋە 18 نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەر ئۆلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ 3 ى ئامېرىكىلىق، 8 ى ئەنگلىيىلىك، بىرى گېرمانىيىلىك ئەسكەرلەر ئىكەن.

■ 8- ئاينىڭ 5- كۈنى پاكىستاننىڭ بىر تىككئۇچار ئايروپىلانى پىشاۋۇردىن ئۆزبېكىستانغا ئۇچۇۋاتقاندا، ئايروپىلاندىن كاشىلا چىقىپ ئافغانىستاننىڭ لوگار ۋىلايىتىگە قونۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئايروپىلان لوگار ۋىلايىتىگە قونغاندا ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئايروپىلان ئىچىدىكى 6 نەپەر پاكىستان پۇقراسى ۋە بىر نەپەر رۇس پۇقراسىنى ئەسىر ئالغان. تىككئۇچار ئايروپىلان غەنىيمەت ئېلىنغان.

ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

سۆزلۈكلەر		جۈملىلەر	
شُبَّانٌ	يىگىتلەر	هُوَ شَابٌّ	ئۇ ياش يىگىت
خَادِمٌ	خىزمەتچى (ئەرلىك)	ذَاكَ الشَّيْخُ عَالِمٌ	ئاۋۇ بوۋاي ئالىم
خُدَّامٌ	خىزمەتچىلەر	أُولَئِكَ الشُّيُوخُ عُلَمَاءُ	ئاۋۇ بوۋايلار ئالىم
عَالِمٌ	ئالىم (بىلىملىك)	هَذَا الْخَادِمُ شَابٌّ	بۇ خىزمەتچى – ياش
عُلَمَاءُ	ئالىملار	هَؤُلَاءِ الْخُدَّامُ شُبَّانٌ	بۇ خىزمەتچىلەر – ياش
جَاهِلٌ	بىلىمسىز	تِلْكَ الْخَادِمَةُ شَابَّةٌ	ئاۋۇ خىزمەتچى قىز – ياش
جُهَلَاءُ	بىلىمسىزلەر	أُولَئِكَ الْخَادِمَاتُ شَابَّاتٌ	ئاۋۇ خىزمەتچى قىزلار – ياش
شَابَّةٌ	ياش قىز	اَنْتِ صَبِيَّةٌ	سىز نارىسىدە قىز
صَبِيَّةٌ	نارىسىدە قىز	هُوَ خَادِمٌ	ئۇ (ئەر) خىزمەتچى
خَادِمَةٌ	خىزمەتچى (ئاياللىق)	هُنَّ خَادِمَاتٌ	ئۇلار (ئاياللار) خىزمەتچى
عَاقِلٌ	ئەقىللىق	اَنْتِ عَالِمَةٌ	سىز بىلىملىك ئايال
عُقَلَاءُ	ئەقىللىقلەر	اَنْتُنَّ عَالِمَاتٌ	سىلەر بىلىملىك ئاياللار